# ئاللاھنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان تاماقنى شەيتان يەپ قويىدۇ. شەيتان بۇ قىزنى ئېلىپ كەلدى، ئۇ قىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدىم، بۇ ئەرابى(سەھرالىق)نى ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭمۇ قولىنى تۇتۇۋالدىم. ئاللاھقا قەسەمكى، شەيتاننىڭ قولى، ئۇ ئىككەيلەننىڭ قولى بىلەن مېنىڭ قولۇمدا

ھۇزەيپە ئىبنى يەمانى مۇنداق دېگەن: بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرەر داستىخانغا داخىل بولۇپ قالساق، رەسۇلۇللاھ تاماققا قول ئۇزاتمىغىچە بىز تاماققا قول ئۇزاتمايتتۇق. بىز بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر داستىخاندا بىرگە بولۇپ قالدۇق، بىر قىز خۇددى بىرسى ئىتتىرىۋاتقاندەك كېلىپلا تاماققا قول ئۇزاتقان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ قىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئاندىن بىر سەھرالىق ئادەممۇ خۇددى بىرسى ئىتتىرىۋاتقاندەك كېلىپلا تاماققا قول ئۇزۇۋتىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ مۇنداق دېدى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان تاماقنى شەيتان يەپ كېتىدۇ، شەيتان تاماقنى يەپ كېتىش ئۈچۈن بۇ قىزنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇ قىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدىم. ئاندىن بۇ سەھرالىق ئادەمنى ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭمۇ قولىنى تۇتۇۋالدىم. ئاللاھقا قەسەمكى، شەيتاننىڭ قولى ئۇ ئىككەيلەننىڭ قولى بىلەن مانا مېنىڭ قولۇمدا» دەپ، ئاندىن بىسمىللاھ دەپ تاماقنى يېيىشكە باشلىدى.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھۇزەيپە ئىبنى يەماندىن رىۋايەت قىلىنىشچە ئۇ مۇنداق دېگەن: بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرەر داستىخانغا داخىل بولۇپ قالساق، رەسۇلۇللاھ تاماققا قول ئۇزاتمىغىچە بىز تاماققا قول ئۇزاتمايتتۇق. چۈنكى ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنى ھۆرمەتلىگەنلىك يۈزىسىدىن رەسۇلۇللاھ تاماققا قول ئۇزاتمىغىچە قول ئۇزاتمايتتى. ئۇ بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر داستىخاندا بىرگە بولۇپ قالدى. تاماقنى يەيلى دەپ تۇرۇشىغا بىر قىز ئىتتىرىلگەندەك يۈگۈرۈپ كىرىپ، بىسمىللاھ دېمەستىن قولىنى تاماققا ئۇزىتىشقا ئۇرۇنغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇ قىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئاندىن بىر سەھرالىق ئادەممۇ ئىتتىرىلىۋاتقاندەك كىرىپ، تاماققا قول ئۇزاتقان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭمۇ قولىنى تۇتۇۋالدى.رەسۇلۇللاھ بۇ ئىككەيلەننى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىپ تېز كېلىشكە ئىتتىرگەنلىكىنى ۋە بىسمىللاھ دېمەستىن تاماق يېسە شەيتاننىڭ تاماقنى يەپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. بۇ قىز كىچىك يەنە بىرسى سەھرالىق بولۇپ بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزرۈرلۈك بولۇشى مۇمكىن. بىراق شەيتان ئۇلارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلار تاماقنى بىسمىللاھ دېمەستىن يېگەن بولسا، شەيتان تاماققا ئورتاقلاشقان بولاتتى.ئاندىن رەسۇلۇللاھ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، شەيتاننىڭ قولى ئۇ ئىككەيلەننىڭ قولى پەيغەمبەرنىڭ قولىدا دېگەن

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee